شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2019 - يىل 10 - ئاي
10
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月10日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24844 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ پاكىستان زۇڭلىسى ۋە سولومون تاقىم ئاراللىرى زۇڭلىسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم كۆرۈشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىيۇ خۇا) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دىياۋيۈتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن پاكىستان بىردىنبىر پۈتۈن هاۋا رايىلىق ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىرىدىن. خەلقئارا ۋە رايون ۋەزىيىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭگو - پاكىستان دوستلۇقى باشتىن - ئاخىر يىمىرىلمەيدىغان، ئۈيۈل تاشتەك مەزمۇت بولۇپ، جۇڭگو - پاكىستان ھەمكارلىقى باشتىن - ئاخىر جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، چوڭقۇرلاشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

گۈزەل شىنجاڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسىدە گۈزەللىكنى نامايان قىلدى

جەلپكار دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى گۈزەل شىنجاڭ

☐ مۇخبىرىمىز لىيۇ دۈڭلەي

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، 2019 - يىللىق جۇڭگو بېيجىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ئاخىرلاشتى. باش ئەتىيازدا باشلانغاندىن تارتىپ، گۈيرۈي كۆلى بويى دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى، بۇ قېتىمقى پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى كاتتا مەرىكىسى جۇڭگوغا دۇنيانى تونۇتتى، تېخىمۇ مۇھىمى دۇنياغا جۇڭگونى چۈشەندۈردى. بەش ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشقان مەزمۇنلۇق ۋە كۆركەم بۇ كاتتا مەرىكىدە، شىنجاڭنىڭ كۆرگەزمە باغچىسى بىر گۈزەل مەنزىرە بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى سانسىزلىغان ساياھەتچى ۋە تاراتقۇلارنىڭ نەزەرىنى تارتتى، گۈزەل شىنجاڭ بۇ دۇنيا سەھنىسىدە گۈزەللىكنى نامايان قىلىپ، مول ھوسۇلغا ئېرىشتى.

■ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلاپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىپ كۆڭلىنى رام قىلىش

دۇنيا باغۋەنچىلىك كۆرگەزمىسى ئۆزگە ئاجايىپ گۈزەللىكنى مۇجەسسەملەپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار باغۋەنچىلىك لايىھەلەش ئىددىيىسىنىڭ رىقابەت مەيدانى بولدى. بۇ يەردىكى ھەربىر كۆرگەزمە باغچىسى ئۆزى تەۋە رايون ياكى تەشكىلاتنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلدى. دۇنيا باغۋەنچىلىك ئۇستىلىرى بىر سەھنىدە رىقابەتلەشكەندە، شىنجاڭ قىلچە ئارقىدا قالمىدى.

بىر دانە قىپقىزىل چوڭ ئانار ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان كىشىلەر تويى ئارىسىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى سىلىتسىيالاشقان ياغاچ ئۈستىدە «تىيانشاندىن كەلگەن مېھمان» دېگەن تۆت چوڭ خەت كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇن ساياھەتچى ھاياجانلانغان ھالدا: «بۇ شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىكەن، تېز بولۇڭلار، كىرىپ ئايلىنىپ چىقايلى!» دەپ دوستلىرىنى چاقىرىشاتتى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىن 40 مىڭ تۈپكە يېقىن دەرەخ، چاتقال، گۈل - گىياھ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەنىدى. «شىنجاڭ زال سىرتى كۆرگەزمە باغچىسى يىپەك يولى باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى كۈچەپ نامايان قىلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى ئېكولوگىيەنى قوغداش - ئەسلىگە كەلتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ما جىشىن مۇنداق دېدى: «ساياھەتچىلەر كۆرگەزمە باغچىسىغا كىرىپ، سىلىتسىيالاشقان ياغاچتىن باشلاپ، ئاندىن تۈرلۈك تىرىك ئۆسۈملۈكلەرگىچە كۆرىدۇ، ئەمەلىيەتتە قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرغىچە بولغان بىر مەيدان ئۆسۈملۈك ۋە باغۋەنچىلىككە ئائىت ۋاقىت ساياھىتى قىلىدۇ».

چۆللۈكتىكى توغراقلاردىن تارتىپ، تىيانشاندىكى شەمشادلارغىچە؛ چۆل - باياۋاندىكى يۇلغۇنلاردىن تارتىپ، ھويلا - ئارانلاردىكى ئۈزۈملەرگىچە، شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسى ئېكولوگىيە ۋە ئىقتىساد جەھەتتىكى ۋەكىللىك چاتقاللارنى ئومۇميۈزلۈك نامايان قىلدى. پۈتكۈل شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىنىڭ كۆكەرتىلىش نىسبىتى 70%كە يېتىدۇ. بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن كەلگەن سانسىزلىغان مېھمانلار شىنجاڭ كۆرگەزمە باغچىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى، يەنە نۇرغۇن كىشى بۇ يەردىكى گۈزەل مەنزىرىنى كۆرۈپ شىنجاڭ سەپىرىگە ئاتلىنىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان مەنزىرىنى ئۆزى بىۋاستە ھېس قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ھىندىستانغا بېرىپ جۇڭگو - ھىندىستان رەھبەرلىرىنىڭ 2 - قېتىملىق بىرەسمىي ئۇچرىشىشىغا قاتنىشىدۇ ھەم نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو - چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

2 - بەتتە

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان كادىرلار، ئامما باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، ئۆزلەشتۈردى ——

قول تۇتۇشۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىپ، گۈزەل ئەتىنى ئورتاق يارىتىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش غەيرىتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى، ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. كۆپچىلىك بەس - بەستە مۇنداق بىلدۈردى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاخىرىغا بارغانسېرى شۇنچە قىيىنلىشىدۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، داۋاملىق كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە پۈتۈن كۈچ بىلەن غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

■ مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ بوشاشمايمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش سىستېمىسىدىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چوڭقۇر ئىلھام بەردى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ساۋ جۈيىن مۇنداق بىلدۈردى: بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىشتا تەۋرەنمەي، نىشاننى چىڭ كۆزلەشتە بوشاشماي، مەسىلىلەرنى تۈزەشتە يۇمشاق قوللۇق قىلماي، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە بوشاشماي، ئىستىلنى ياخشىلاشتا بوشاڭلىق قىلماي، كەسكىن ئىش كۆرىدىغان جاسارەت، ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلىش ئىرادىسى بىلەن باتۇرلارچە جەڭگە ئاتلىنىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىستىھكامنى ئېلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز.

كەلپىن ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى كې شۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان كادىرلارغا نىسبەتەن ھەم يېتەكچىلىك، ھەم ئىلھام ۋە ھەيدەكچىلىك ئىكەن. «بىز دەل جايىدا بولۇش»نى چىڭ تۇتۇشنى بوشاشتۇرماي، ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشتىكى مۇھىم نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، مەنبەدىن يۆلەشكە تۈرتكە بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەۋزەل بايلىقلارنى مەۋقە قىلىپ، باشلامچى كارخانىلارنى يۆلەپ، داڭلىق ماركىلارنى يېتىشتۈرۈپ، كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىلىق دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز» دېدى كې شۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ ئىستىلنى ياخشىلاش

—— تۇرپان شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرىدۇ

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

☐ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىنخۇڭ
ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ياڭ ۋېنخاۋ سۈن لىلى

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، تۇرپان شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نەزەرىيە ئارقىلىق ئەسلى مەقسەتنى ئۇزۇقلاندۇرۇپ، نەزەرىيە ئارقىلىق بۇرچنى يېتەكلەپ، ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈش بىلەن تۈزىتىشنى تۇتاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

■ دىققەتنى ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ئۆگىنىش

دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈش، ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇش، ئەسلى تېكىستنى ئۆگىنىش، قانۇنىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، تۇرپان شەھەردىكى ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلار ھەمدە پايدىلىنىپ يولغا قويغان ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك بەنزىلرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ مەركەزلىك ئۆگەندى، مۇھاكىمە قىلدى. كۆپچىلىك باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان - تەلىپىنى چىڭ كۆزلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش بىلەن خىزمەت ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزگە تەتبىقلاش، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تونۇشنى بايان قىلىپ، تەسىراتنى سۆزلەپ، مەسىلىلەرنى تېپىپ، يۈنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

سۇلۇق يەرلەر گۈزەللىشىپ، ئاققوتانلار ئۇسسۇلغا چۈشتى

10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، توپ - توپ ئاققوتان لوپنۇر ناھىيەسىدىكى لوپنۇر كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىغا ماكانلاشتى. تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنى ئۇنۇۋېرسال تۈزەشنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، تارىم دەرياسى ھەۋزىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ھەۋزىدىكى لوپنۇر كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى ھەر خىل قۇشلارنىڭ ماكانىغا ئايلاندى.

☐ لى فېي فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەخسۇس تېمىدا يىغىن ئاچتى

ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئاساسىي قاتلامنى تەسىرلەندۈرۈش

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەخسۇس تېمىدا يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدا بەرگەن بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP

قىزىل يۇلتۇز تىيانشاندا مەڭگۈ چاقنايدۇ

—— جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە

☐ شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومى

بۇ يىل، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇۋاتقان پەيتتە، بىز بۇ بىر بۆلەك قايناق - تاشقىنلىق تارىخنى قايتا ئەسلەپ، ئەسلى مەقسەتنىڭ ماھىيىتىگە قايتىپ، بۇرچ - ۋەزىپىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، «تۇراقلاشتۇرغۇچلۇق» رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى قۇدرەتلىك كۈچ تىرىكى بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

■ پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش زەپەر مارشى ياڭرىتىپ شىنجاڭغا كىرىش

پارتىيە نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلىپ، پارتىيە قەيەرنى كۆرسەتسە شۇ جايدا جەڭ قىلىپ، خەلق ئارمىيەسىنىڭ ئەسلى مەقسىتى - بۇرچىنى مەركەزلىك نامايان قىلىش. 1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ جۇشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 1 - دالا ئارمىيەسى 1 - بىڭتۇەنىنىڭ سىلىڭيۈەنى ۋاڭ جېن 2 - ، 6 - جۈننى باشلاپ، شىنجاڭغا ھەيۋەتلىك چوڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئەڭ چەت، يىراق، ئەڭ جاپالىق جايلارغا بېرىپ، جاپاكەش خەلقنى ئازاد قىلىش، ھەر مىللەت ئاممىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشتەك يۈكسەك بۇرچنى زىممىسىگە ئالدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)